# 93701 - زاكات بەرمىگۈچىنىڭ ھۆكمى

## سوئال

مەن بىر تىيىنمۇ زاكات بەرمەيدىغان بىر ئىنسان بىلەن بىرگە خىزمەت قىلىمەن، ھەتتا زاكات ئايرىيدىغان كۈنى بولغاندا، ئۆزىدىن زاكاتقا ئېھتىياجلىق كىشىلەرنىڭ تەلىپىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، تۇرىۋاتقان شەھەردىن باشقا يۇرتقا كېتىدۇ، بۇ كىشىنى نېمە دەيمىز؟ ئۇ دىنىدىن چىققۇچى كاپىر ھېسابلىنامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەلمەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭپەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

زاكاتنىتەرك قىلغۇچى زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىئېتىراپ قىلىدۇ ياكى ئىنكار قىلىدۇ، ئەگەرزاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىكەن، بارلىقمۇسۇلمانلارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن، ئۇدىندا مۇھىم بولغان بىر ئاساسنى ئىنكار قىلغانلىقسەۋەبلىك كاپىر ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما زاكاتنىڭ پەرزئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن بېخىللىق قىلىپمال-دۇنياسىنىڭ زاكىتىنى چىقارمايدىغان كىشى توغرىسىدا بەزىئالىملار ئۇنى كاپىر دەپ قارىغان بولسىمۇ، كۆپچىلىكئالىملارنىڭ قارىشىدا ئۇ كاپىر ھېسابلانمايدۇ.

ئىبنىقۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇغنىي ناملىق ئەسىرى 2-توم228-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: “زاكات ئىسلامدىكىئاساسى پرىنسىپلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن، يەنىيېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان ياكى ئىلىم-مەرىپەتسورۇنلىرىدىن يىراق، سەھرا-باياۋاندا ياشىغانلىقسەۋەپتىن ئىنكار قىلغان بولسا، ئۇ كىشىگە زاكاتنىڭپەرز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ۋەئۇنى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلماسلىق لازىم، چۈنكىئۇ كىشى بىلمىگەنلىكى سەۋەبىدىنئۆزرىلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئەممائىسلام-مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ياشاپ،ئىلىم-مەرىپەت سورۇنلىرىدا ئۆسۈپيېتىلگەن كىشى زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىنكارقىلسا، ئۇ دىنىدىن چىققان مۇرتەت ھېسابلىنىدۇ.ئۇنىڭغا مۇرتەدلەرگە تۇتقانپوزىتسىيە بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ.ئۇ ئۈچ قېتىم تەۋبە قىلىشقابۇيرۇلىدۇ، تەۋبە قىلسا ئەپۇقىلىنىدۇ، ئەگەر تەۋبە قىلمىسائۆلتۈرۈلىدۇ. چۈنكى زاكاتنىڭ پەرزلىكىقۇرئان-ھەدىستىكى دەلىل-ئىسپاتلار ۋەمۇسۇلمان مىللىتىنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەنبېكىتىلگەن. مۇسۇلمان شەھەرلىرىدەئۆسۈپ يېتىلگەن كىشىلەرگە بۇ ھۆكۈممەخپىي

ئەمەس. بۇنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش دىگەن قۇرئان-ھەدىسنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا كاپىر بولۇشدېمەكتۇر.

زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ،مال-دۇنياسىنىڭ زاكىتىنى بەرمىسە، ئىمامئۇنىڭدىن ئالىدىغان زاكاتنى بېكىتىپ، (شەرئىي ھاكىمىيەت بولسا) زاكاتنى ئالغاندىن سىرت مەلۇم جازابېكىتىدۇ، مېلىنىڭ زاكىتىنى بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن ئارتۇقئالمايدۇ. كۆپچىلىك ئالىملار بۇ قاراشتا بولۇپ: ئىمامئەبۇ ھەنىپە، ئىمام مالىك ۋە ئىمام شاپىئىي(ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) قاتارلىقپىشىۋالار بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ.ئەمما ئىمام ئىسھاق ئىبنى راھۇۋەيى، ئەبۇبەكرى ئابدۇلئەزىز قاتارلىق ئالىملار: زاكاتنى ئادا قىلمىغانكىشىنىڭ پۈتۈن مال-دۇنياسىنىڭ يېرىمىئېلىنىدۇ دېگەن قاراشنى ياقلايدۇ.

زاكاتنىتەرك قىلغۇچى ھاكىمىيەتكە بويسۇنماي قارشىلىققىلىدىكەن، ھاكىمىيەت باشقۇرغۇچى ئەسكەرئەۋەتىپ جازالايدۇ. چۈنكىپەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭساھابىلىرىمۇ زاكاتنى ئادا قىلىشقا قارشى تۇرغۇچىلارغا جازايۈرگۈزۈپ ئۇرۇش قىلغان. بۇ ھەقتەئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دېگەن:
"ئۇلارپەيغەمبەرئەلەيھىسسالام دەۋرىدەئادا قىلىپ كېلىۋاتقان زاكات مېلىدىن كىچىك ئارغامچاچاقلىق نەرسىنى بېرىشتىن باش تارتىدىكەن، ئۇلارغا قارشىئۇرۇش قىلىمەن." (تۈگىدى).

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمىيتەتقىقات دىنىي پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتىئەزالىرىدىن: سىلەر ئىلگىرى بىر قانچە ماقالىلاردا: روزاتۇتۇپ ناماز ئوقۇمىغان كىشىنىڭ تۇتقان روزىسىدۇرۇس بولمايدۇ دەپ پەتىۋابەرگەن، ھازىر ئۇنىڭ ئەكسى بولۇۋاتىدۇ،نامازنى ئادا قىلىپ روزا تۇتمىسا ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزىدۇرۇس بولامدۇ؟ شۇنىڭدەك، نامازئوقۇماي ھەج قىلسا، قىلغان ھەججى دۇرۇسبولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇلار بۇ سوئالغا جاۋاپبېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "رامىزان روزىسىنىڭپەرزلىكىنى ئىنكار قىلىپ تۇتمىغان كىشى كاپىرھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزىدۇرۇس بولمايدۇ. لېكىن قەستەن ياكىھورۇنلۇق قىلىپ تۇتمىسا، ئالىملارنىڭ توغرا قارىشىدائۇ كىشىنىڭ ئوقۇغان نامىزى دۇرۇسبولىدۇ. زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپئۇنى ئادا قىلىشتىن باش تارتسا، ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزىدۇرۇس بولمايدۇ. ئەمما پەرزلىكىنى بىلىپتۇرۇپ، قەستەن ياكى ھورۇنلۇق ۋەبېخىللىق قىلىپ زاكاتنى ئادا قىلمىسا، ئۇ كىشى كاپىرھېسابلانمايدۇ، ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزىدۇرۇس بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ھەجنىڭپەرزلىكىنى ئىنكار قىلىپ ھەج قىلىشنى تەرك قىلسا، ئۇ كىشىكاپىر ھېسابلىنىدۇ، ئەمما ھەجگەكېلىشكە ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ سەل قاراپ ھەجقىلمىسا ئۇ كىشى كاپىر ھېسابلانمايدۇ، ئوقۇغان نامىزىدۇرۇس بولىدۇ. [سەئۇدى ئەرەبىستانئىلمىي تەتقىقات دىنىي پەتىۋا تەشۋىقاتكومىتېتى 10-توم 143-بەت].

شەيخئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ زاكات توغرىسىدامۇنداق دېگەن: "زاكاتنىڭ پەرزئىكەنلىكىگە ھەممە مۇسۇلمانلاربىرلىككە كەلگەن. ئۇنىڭ پەرزئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر ھېسابلىنىدۇ، ئەمما يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان ياكى ئىلىم-مەرىپەتتىن يىراق بولغان سەھرا ياكى چۆل-باياۋاندا ياشىغان كىشىلەر

بولسا، ئۆزۈرلۈك بولۇپ،ئۇلارغا ئۇنىڭ پەرز ئىبادەت ئىكەنلىكىنىبىلدۈرۈش لازىم، بىلگەندىن كېيىنمۇئۇنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇكىشى مۇرتەت-كاپىر ھېسابلىنىدۇ. ئەمماپېخىللىق قىلىپ ياكى سەل قاراپ زاكاتنى تولۇق ئادا قىلمىسا،بۇنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ ئىختىلاپى بار.بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئىمام ئەھمەدتىن قەيت قىلىنغانتۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل كۆزقاراش بولۇپ،بەزى ئالىملار: كاپىر بولىدۇ، دىسە، يەنەبەزى ئالىملار: كاپىر بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئىككىنچىكۆزقاراش توغرا بولسىمۇ، ئەمما مەزكۇر ئىنسانئىنتايىن چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان بولىدۇ. زاكات بېرىشتىنچەكلەنگۈچىنىڭ كاپىر بولمايدىغانلىقىنىڭدەلىلى تۆۋەندىكى ھەدىسدۇر. ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنبايان قىلىنغان ھەدىستە،پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامئالتۇن-كۈمۈش، مال-دۇنيالىرىنىڭ زاكىتىنىبېرىشتىن باش تارتقان كىشى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:**« «ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىبەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا، ئۇكىشى ئۆزىنىڭ قايسى تەرەپكەبۇيرۇلىدىغانلىقىنى كۆرىدۇ: ئۇنىڭ يولى ياجەننەتكە ياكى دوزاخقا بولىدۇ.» [مۇسلىمرىۋايىتى].»**

ئۇنىڭ يولى جەننەتتەرەپكە بولىدىكەن، ئۇ كىشى كاپىرھېسابلانمايدۇ، چۈنكى كاپىر ئۆزىنىڭ يولىنىڭجەننەتكە بولىدىغانلىقىنى كۆرۈشى مۇمكىنبولمايدۇ. لېكىن بېخىللىق قىلىپ، سەلقاراپ ئادا قىلماسلىقدېگەن چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:**﴿وَلَا يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ يَبْخَلُونَ بِمَا آتَاهُمُ اللَّهُمِن فَضْلِهِ هُوَ خَيْرًا لَّهُم ۖ بَلْ هُوَ شَرٌّ لَّهُمْ ۖ سَيُطَوَّقُونَ مَا بَخِلُوا بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ ۗ وَلِلَّهِ مِيرَاثُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ ۗ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ﴾**تەرجىمىسى:**«ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن بەرگەننەرسىلەرگە (يەنى پۇل . مالغا) بېخىللىققىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىقدەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلدە بۇئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر، ئۇلارنىڭبېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ.ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ مىراسىئاللاھنىڭدۇر (يەنى كائىناتتىكى ھەممەنەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكى بولۇپ، ئۇلار پانىيبولغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ).ئاللاھ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىنخەۋەرداردۇر.»** [سۈرە ئال-ئىمران180- ئايەت].

ئاللاھ تائالا يەنەمۇنداق دەيدۇ: **﴿وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلَايُنفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَبَشِّرْهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ، يَوْمَ يُحْمَىٰ عَلَيْهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَفَتُكْوَىٰ بِهَا جِبَاهُهُمْ وَجُنُوبُهُمْ وَظُهُورُهُمْ ۖ هَٰذَا مَا كَنَزْتُمْ لِأَنفُسِكُمْ فَذُوقُوا مَاكُنتُمْ تَكْنِزُونَ﴾** تەرجىمىسى:**«ئالتۇن . كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىداسەرىپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەنبېشارەت بەرگىن. ئۇ كۈندە (يەنىقىيامەت كۈندە) ئۇ ئالتۇن كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىداقىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى،يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: بۇسىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغقانئالتۇن-كۈمۈشۈڭلار (سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكىئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). يىغقان ئالتۇن كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنىتېتىڭلار، دېيىلىدۇ.»** [تەۋبەسۈرىسى 34-35-ئايەت].شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين پەتىۋالار توپلىمى(1814).

زاكاتنى ئاداقىلىشقا سەل قارىغانلارغا نەسىھەت قىلىش، زاكاتنىڭ ئىسلامدىنىدىكى ئورنىنى چۈشەندۈرۈش، بىخىللىق قىلىپ ئاداقىلىشتىن باش تارتقانلارغا دۇنيا-ئاخىرەتتە دۇچ كىلىدىغانجازا ۋە ئازابلارنى ئېسىگە سىلىشىرۆرۈردۇر.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچىئاللاھدۇر.

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئىزامىددىنتەمكىنى